## 9393 ـ ئەيدىز كېسەلىگە گىرىپتار بولغان بىمارنىڭ تەۋبىسى

**سۇئال**

بىر كىشى ئەيدىز كېسەلىگە گىرىپتار بولغان، دوختۇر ئۇ كىشىگە دېئاگنوز قويۇش ئارقىلىق ئۇ كىشىنىڭ بۇ دۇنيادا كۆرىدىغان هاياتىدىن بىرقانچە كۈنلا قالغانلىقى توغرىسىدا خەۋەر قىلغان بولسا، ئۇ بىمارنىڭ بۇ هالەتتە قىلغان تەۋبىسىنىڭ هۆكمى نېمە؟

**تەپسىلى جاۋاپ**

ئەيدىز كېسەلىگە گىرىپتار بولغان بىمارنىڭ مادامىكى ئەقلى ـ هوشى جايىدا بولغان ئىكەن تەۋبە قىلىشقا ئالدىرىشى كېرەك.
ئىنسانىنىڭ ئەجىلى ئىنسانغا هاياتلىق ئاتا قىلغان زاتنىڭ قولىدا بولۇپ، دوختۇرلار كېسەل تارىخى ۋە ئەهۋالىغا قاراپ تەخمىن قىلىپ گۇمان بىلەن ئېيتىدۇ، بەلكى ئۇ ئىنسان شىپالىق تېپىپ ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈشى مۇمكىن.
هەتتا دوختۇر سىزنىڭ كۆرىدىغان كۈنىڭىز بىرقانچە كۈنلا قالدى دېگەن بولسىمۇ ئىككىلەنمەستىن نىيىتىنى دۇرۇس قىلىپ ئىلگىرى سادىر قىلغان گۇناهلىرىدىن پاكلىنىش ئۈچۈن تەۋبە قىلىشقا تېزدىن ئالدىرىشى كېرەك. جانابى ئاللاھ بۇ توغرىدا قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دېگەن: ئي مۆمىنلەر! بەختكە ئېرىشىشىڭلار ئۈچۈن هەممىڭلار جانابى ئاللاهغا تەۋبە قىلىڭلار نۇر سۈرىسى31- ئايەت.
يەنە بىر ئايەتتە: تەۋبە قىلغان، ئىمان ئېيتقان، ياخشى ئەمەللەرنى قىلغان، ئاندىن توغرا يولدا ماڭغان ئادەمنى مەن ئەلۋەتتە ناهايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىمەن دېگەن. تاها سۈرىسى 81- ئايەت.
بۇ توغرىدا پەيغەمبىرىمىز مۇهەممەد ئەلەيهىسسالام مۇنداق دېگەن: جانابى ئاللاھ بەندىسىنىڭ ئەجىلى توشۇپ جان تالىشىشتىن ئىلگىرى قىلغان تەۋبىسىنى قوبۇل قىلىدۇ .
پەزىلەتلىك شەيخ مەرهۇم شەيخ ئابدۇللاھ ئىبنى بازنىڭ پەتىۋالار مەجمۇئەسى ناملىق ئەسىرى 9- توم 437- بېتىگە قارالسۇن.